# رامىزاننىڭ پەزىلىتى، روزىنىڭ ماھىيىتى ۋە روزىدارنىڭ ئورنى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

شەيخ ھۇسەيىن ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

2013 - 1434

IslamHouse.com

# رمضان شهر الجود والكرم

« باللغة الأويغورية »

الشيخ حسين بن عبد العزيز آل الشيخ

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

2013 - 1434
IslamHouse.com

# رامزاننىڭ پەزىلىتى، روزىنىڭ ماھىيىتى ۋە روزىدارنىڭ ئورنى

2008- يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ تەپسىلى مەزمۇنى

بارلىق گۈزەل ماختاشلار پەزلى - ئېھسان ۋە نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ئالەملەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى ھېچ شېرىكى يوق يەككە يېگانە دەپ، ئىنسانلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى ئاللاھ! سىلىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلەرگە بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان ئايلار ۋە ئارقىمۇ - ئارقا ئۆتىۋاتقان يىللاردا دائىم رەھمەت، بەرىكەت ۋە سالاملارنى تەلەپ قىلىمىز.

ئى مۇسۇلمانلار! مەن ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە ئېسىل بىر ئاي ۋە كاتتا بىر بايرام يېتىپ كەلدى، بۇ ئايدا كۆپ ياخشىلىقلار بولۇپ جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرى بولىدۇ، بەندىلەرنىڭ دەرىجىلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئاينى تەقۋالىق ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە يەنى ئىلگىركى ئۈممەتلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام مۇنداق دەيدۇ:« سىلەرگە رامزاندىن ئىبارەت مۇبارەك ئاي يېتىپ كەلدى، بۇ ئايدا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا كىشەن - تاقاق سېلىنىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى رامزاندا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىركى گۇناھلىرى

مەغپىرەت قىلىنىدۇ»،«كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلغان هالەتتە تۇرسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىركى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

ياخشىلىقتا ئالدىرىغۇچىلار ئۈچۈن رامىزان ئېيى كەلدى، بۇ ئاي ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھغا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىپ تەييارلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇسابىقە مەيدانى بولۇپ، ئۆز نەپسىنى گۇناھ - مەسىيەتكە چۆمدۈرۈۋەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن كەلگۈسىدە توغرا يول تېپىپ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھغا يېنىپ تەۋبە قىلىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، بۇ ئاينى ياخشىلىق، ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالى جاناپلىقتا يېتەكلەيدىغان يېتەكچى قىلىش كېرەك. دىنى قېرىنداشلار! رامىزان ئېيى بولسا دۇنيا - ئاخىرەت ئىشلىرى ئۈچۈن سېخىلىق ۋە خەيرى - ئېهساننىڭ ھەممە تۈرلىرى تېپىلىدىغان ئېسىل ئاي بولۇپ، بۇ توغرىدا ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دېگەن:" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخىي زات ئىدى، بولۇپمۇ رامزاندا جىبرىئىل

ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن رامىزاندا ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ قۇرئاندىن دەرس ئوقۇشاتتى، جەزمەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى سېخىيلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى".

خەيرى ـ ئېھسانىنىڭ ياخشىسى، مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بېرىش بولۇپ، ئالىملار رامىزاندا بولۇپمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىنغان خەيرى ـ ئېھساننىڭ دەرىجىسى باشقا ۋاقىتتا قىلىنغان خەيرى ـ ئېھساندىن يۇقىرى بولىدۇ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن ئىپتار بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ».

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! رامىزاندا قۇرئان ـ كەرىم چۈشۈرۈلگەن بولۇپ بۇ ئايدا ئوقۇلغان ۋە تىلاۋەت قىلىنغان قۇرئاننىڭ ساۋابى ئارتۇق ۋە ئەجرى كۆپ بولىدۇ، ئىمام زۆھرى

ئىلگىركى سەلەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ، ئۇلار رامىزان ئېيىنى قۇرئان ئوقۇش ۋە كىشىلەرگە تائام بېرىش بىلەن تاماملايتتى دېگەن.

ئى مۇسۇلمانلار! رامىزان ئېيى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئايلاردىن بولۇپ بۇ ئايدا ئاللاھدىن دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئاللاھغا يېلىنىپ كۆپ دۇئا قىلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئۈچتۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى تىز ئىجابەت قىلىنىدۇ ئۇنىڭ بىرى روزا تۇتقۇچى بولۇپ ھەتتا ئىپتار قىلغىچە قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت قىلىنىدۇ».

دىنى قېرىنداشلار! روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ تەقەززاسى: نەپسىنى كونترول قىلىپ پاكلاپ، بارلىق ئەزالىرىنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئىدارە قىلىش، مۇسۇلمان كىشى مۇشۇ ئايدا نەپسىنى كونترول قىلىپ، ھەرخىل شەھۋەتلەردىن ساقلىنىش، ئەزالىرىنى يامانلىق ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن توسۇشى كېرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا

تۇتسا ھاياسىز سۆزلەرنى قىلمىسۇن، ۋارقىراشمىسۇن، ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ كىشى: مەن روزىدار، دېسۇن».

بۇ ئاي بىز ئۆزىمىزنى تۈزەيدىغان، تىللىرىمىز ۋە ئەزالىرىمىزنى يامان سۆز - ناچار ئىشلاردىن ساقلاشقا ئادەتلەندۈرىدىغان، دىلىمىزدىن ھەسەتخورلۇق،ئۆچ - ئاداۋەتنى چىقىرىپ، قەلبىمىزنى پاكلايدىغان تەربەۋىي ئاي بولىشى كېرەك.

ئۆزى روزا تۇتۇپ ئەزالىرىنى گۇناھ - مەسىيەتتىن چەكلىمىگەن مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى يالغان سۆز ۋە يامان ئىشنى روزىدار تۇرۇپمۇ تاشلىمىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يېمەي ۋە ئىچمەي يۈرۈشىگە ھاجىتى يوق،(ئۇ ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسىغا ساۋاپ بېرىلمەيدۇ)».

ئاللاھ بۈيۈك قۇرئان كەرىم بىلەن ماڭا ۋە سىلەرگە بەرىكەت بەرسۇن، ئۇنىڭدىكى ۋەز نەسىھەتلەردىن ھەممەيلەنگە مەنپەئەت بەرسۇن، مەن ۋە سىلەر ئۇچۇن ئاللاھتىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىمەن،

ئاللاھتىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھ غالىبتۇر، كەچۈرۈم تەلەپ قىلغۇچىلارنى كەچۈرگۈچىدۇر.

## ئىككىنچى خۇتبە

ئاللاھنى بىزگە قىلغان خەيرى ئېھسانلىرىگە چەكسىز ماختايمىز، بەرگەن نېمەتلىرىگە ۋە توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىغا ھېسابسىز شۈكرى ئېيتىمىز، ئاللاھنىڭ شەنىنى كاتتىلاپ ھىچ شېرىكى يوق يەككە يېگانە دەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىمىز. ئاللاھتىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەرگە كۆپلەپ رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئى مۇسۇلمانلار! مەن ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھغا تەقۋالىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن،

تەقۋالىق بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىركى ۋە كېيىنكىلەرگە قىلغان تەۋسىيەسىدۇر، ئى مۇسۇلمانلار! رامزاندىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك ئايدا ھەر ۋاقىت ئاللاھغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، تەراۋىھ نامىزىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇڭلار. بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى رامزاننىڭ كېچىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ تەراۋىھ ئوقۇسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىركى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ». بىلىڭلاركى ئاللاھنىڭ پەزلى - ئېھسانى كۆپ بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەن ھەدىسى بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا ۋە باشقا ھەدىس توپلاملىرىدا بايان قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى رامزاننىڭ كېچىسى ناماز ئوقۇپ ئىمام بىلەن بىرگە يانسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن پۈتۈن بىر كېچە ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ»، سىلەر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىڭلار، بۇ ئېسىل ئايدا ئېرىشىدىغان ئەجىر - ساۋاپلارنىڭ قىممىتىگە دۇنيادا ھېچ نەرسە باراۋەر كەلمەيدۇ.

ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلى ـ ئېھسانىنى، جەننەتكە ئېرىشىش بىلەن بەخت تېپىپ، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا بىزنى ناھايىتى بۈيۈك بىر ئىشقا بۇيرىدى، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام يوللاشتىن ئىبارەت. ئى ئاللاھ! سىلىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، كۆپلەپ رەھمەت، مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئى ئاللاھ! توغرا يول تۇتقۇچى ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى تۆت خەلىپىدىن يەنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى ۋە باشقا ساھابىلاردىن ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەردىن رازى بولغىن، ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن. مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنى خار قىلغىن، دىن دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلغىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە يامانلىقنى مەقسەت قىلغانلارنى

ئۆزى بىلەن ئاۋارە قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكىر باتىللىرىنى يوق قىلغىن.

ئى ئاللاھ! مۆمىن ئەر - ئاياللارنى، مۇسۇلمان ئەر - ئاياللارنى، ھايات قالغان ۋە ۋاپات بولغان ئەر - ئاياللارنى كەچۈرگىن، مەغپىرەت قىلغىن، بۇ ئاينى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىپ، سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىدىغان پۇرسەت قىلىپ بەرگىن. بىزگە دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

ئى ئاللاھ! بۇ ئايدا بىزنىڭ ھەممە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، بىزنىڭ ئىلگىركى ۋە كېيىنكى، ئاشكارا يوشۇرۇن گۇناھلىرىمىزنى، بىز بىلمىگەن سەن بىلىدىغان گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلغىن.

ئى ئاللاھ!بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزنى سىنىڭ توغرا يولۇڭغا مۇۋەپپەق قىلغىن، ياردىمىڭ بىلەن كۈچلاندۇرغىن، ئۇلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلغىن، قىلغان ئىشلىرىنى سەن رازى بولىدىغان ئىشلاردىن قىلغىن، بارلىق مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى

سىنىڭ كىتابىڭ ۋە پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئىشلىرىغا كۆيىنىدىغان قىلغىن. سەن ھەممىدىن بىھاجەت- ماختالغۇچىدۇرسەن.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھنى كۆپ يادىتىڭلار، ئەتتىگەن - ئاخشامدا ئاللاھغا تەسبىھ ئېيتىپ ئىبادەت قىلىڭلار.